شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 8 - ئاي
21
چارشەنبە
维吾尔文 8月21日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65-0002/-W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24794 - سان بۈگۈن 4 بەت

شىنجاڭدىكى تۇنجى زور ئېكرانلىق كىنو «يىراقتا قالغان چوپان ناخشىسى» 15 - نۆۋەتلىك «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

مۇخبىرىمىز لى لىنلىڭ 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تىيانشان كىنو ئىستۇدىيەسىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەشكىللەپ پىلانلىغان، تىيانشان كىنو ئىستۇدىيەسى قاتارلىقلار بىرلىشىپ ئىجاد قىلىپ سۈرەتكە ئالغان فىلىم «يىراقتا قالغان چوپان ناخشىسى» 15 - نۆۋەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇشى»دىكى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز «مېھىر - مۇھەببەت» «تەكلىماكاندىكى ناغرا ساداسى» ناملىق فىلىملەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 13 -، 14 - نۆۋەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇشى» مۇكاپاتى ھەمدە 16 -، 17 - نۆۋەتلىك جۇڭگو كىنوچىلىقى خۇابياۋ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئېرىشكەن يەنە بىر ئالاھىدە شەرەپ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

تيەنجىن شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

لى خۇڭجۇڭ، چېن چۈەنگو، جاڭ گوچىڭ، شۆھرەت زاكىر، يىن خېجۈن، لى پېڭشىن پائالىيەتكە قاتناشتى

مۇخبىرىمىز ياۋ تۇڭ خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 19 - كۈندىن 20 - كۈنىگىچە، تيەنجىن شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لى خۇڭجۇڭ، شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى جاڭ گوچىڭ تيەنجىن شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى، ئۇدۇللاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، تيەنجىن شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يىن خېجۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن پائالىيەتكە قاتناشتى.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، تيەنجىن شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خوتەن شەھىرى، نىيە ناھىيەسى، كېرىيە ناھىيەسى، چىرا ناھىيەسى، خوتەن كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىگە كېلىپ، كارخانا، يېزا - كەنت، مەكتەپ، دېھقان ئائىلىسى، يەسلى قاتارلىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، يەرلىكنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى زىيارەت قىلدى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى.

لى خۇڭجۇڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىنجاڭ پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى پۈتۈن ۋەزىيەتتە ئالاھىدە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى تۈرلۈك ئىشلاردا كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئىش ئورنىغا سادىق بولۇپ، خالىس ئۆزىنى بېغىشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت چوڭ ۋەزىيىتىگە غايەت زور تۆھپە قوشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

8 - ئاينىڭ 19 - كۈندىن 20 - كۈنىگىچە، تيەنجىن شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لى خۇڭجۇڭ، شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى جاڭ گوچىڭ تيەنجىن شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى، ئۇدۇللاشتۇردى. سۈرەتتە: تيەنجىن شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لى خۇڭجۇڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، تيەنجىن شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى جاڭ گوچىڭ چىرا ناھىيەسىنىڭ چىرا يېزىسى ماخمال كەنتىدە زىيارەتتە بولۇپ، مەمەتسايىم نىياز ئائىلىسىدىكىلەرنى يوقلىماقتا.

☐مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

ئەمەلىي ئىشلەش، ئەمەلىي ئۈنۈم ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇر، پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش

— ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتقانلىقى توغرىسىدا يۈرۈشلۈك زىيارەت

☐مۇخبىرىمىز گاۋ ۋا

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى، تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى، داۋالاش كاپالىتى ئىدارىسى، ئەرزىيەت ئىدارىسى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى قاتارلىق ئاپتونوم رايوندىكى 1 - تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان تارماقلار، ئورۇنلار تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا، مەسىلىگە يۈزلىنىپ، مەسىلىگە كىرىشىپ تۈزەتتى، بولۇپمۇ دىققەتنى ئاممىا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان خەلق تۇرمۇشى مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي، ئەمەلىي تۈردە قەتئىي ئۆزگەرتتى، ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتتى، بىر تۈركۈم خەلق تۇرمۇشىدىكى قىيىن مەسىلىلەر ۋاقتىدا ھەل قىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ھەقىقىي ئاشتى.

■ئاممىا باش قاتۇرۇۋاتقان ئىشلارغا كىرىشىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاممىا باش قاتۇرۇۋاتقان، ئەندىشە قىلىۋاتقان ئىشلارنى كۆزلەپ، مەسىلىنى ئېنىقلاپ، ئاغرىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، مەخسۇس تۈزەشنى ئاساس ۋە ھەل قىلىش تەدبىرى بىلەن تەمىنلىدى.

ئىستېمالچىلار خاتىرجەم سېتىۋالدىمۇ - يوق، كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلىتەلىدىمۇ - يوق؟ مەكتەپ ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېمەكلىك بىخەتەرلىكى جەھەتتە يەنە قانداق مەسىلىلەر مەۋجۇت؟ «بىز ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىنى بايقاش، مەسىلىنى ھەل قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، قايسى جەھەتتە مەسىلە گەۋدىلىك بولسا دىققەتنى شۇ جەھەتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسىلە قايسى ھالقىدا چىققان بولسا، نۇقتىلىق ھالدا شۇ ھالقىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 18 قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سۆھبەت يىغىنىنى تەشكىللەپ ئېچىپ، بىر تۈركۈم ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى شەكىللەندۈردۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى شۇ شياۋنىڭ.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈردى. خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئابدۇرېھىم قېرىنداشلىق مېھرىنى قايتىدىن تاپتى

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

☐مۇخبىرىمىز شى خۇيبىن

7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، ئابدۇرېھىم ئابدۇرۇسۇل بېزەك ماتېرىيالى نۇسخىسىنى ئېلىپ، يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىدىكى بىر كوچىغا كېلىپ، ئۆيمۇئۆي تونۇشتۇرۇپ ساتتى. قېنىق جىگەررەڭلىك كىيىمى ھۆل بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ توختاپ قالمىدى.

«بۇ بىر قانچە ئايدا شىركەتنىڭ كەسپى سەل ياخشىلاندى، غەيرەت بىلەن كۈچەپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.» ئابدۇرېھىم سۆزلىگەچ بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر بوتۇلكا سۇنى غورتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، قولى بىلەن تەرىنى سۈرتكەچ مۇنداق دېدى: «كۆپرەك ئىش قىلاي دەيمەن، شۇندىلا جاڭ ئاكامغا بولغان قەلبىمدىكى خىجىللىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرالايمەن».

■جاڭ ئاكا بىلەن تونۇشۇپ دوستلىشىش

يېڭىشەھەر ناھىيەسىدە، نۇرغۇن كىشى ئابدۇرېھىمنىڭ سىچۈەنلىك ئاكىسى جاڭ يۈگو بىلەن شېرىكلىشىپ بېزەكچىلىك شىركىتى ئاچقانلىقى، تىجارىتىنىڭ خېلى ياخشىلىقىنى بىلىدۇ. ھالبۇكى، 2016 - يىلى، ئابدۇرېھىم دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقتىن، دوستىنىڭ قايمۇقتۇرۇشىدا جاڭ يۈگو بىلەن ئارازلىشىپ قالغان. باشقۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتىن، شىركەتنىڭ ئۈنۈمى بارغانسېرى ناچارلاشقان.

«ئەينى چاغدا كاللامدىن چاتاق چىقىپ، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئەڭ ياخشى قېرىندىشىمدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاسلا قالغانىدىم.» جاڭ يۈگو بىلەن تونۇشۇش، دوستلىشىش ھېكايىسىنى سۆزلىگەندە، ئابدۇرېھىمنىڭ چىرايىدا خىجىللىق ئەكس ئەتتى.

2009 - يىلى، ئابدۇرېھىم ناھىيەدىكى سېمونت زاۋۇتىغا ئىشقا چۈشۈپ، ئاساسلىقى سېمونت سېتىشقا مەسئۇل بولدى. دوستىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، ئۇ ئىش ئورنىدا قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغان جاڭ يۈگو بىلەن تونۇشتى. ئىككىيلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە سەل «ئوڭايسىزلاندى».

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سىپى

新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

ئالما، چىلان، ياڭاقنى توردا سېتىش مىقدارىدا يېزا ئېلېكترونلۇق سودىسى بويىچە ئۆلكە كۆرستىش ناھىيەلىرى ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇش

«ئېلېكترونلۇق سودا +» ئاقسۇ شەھىرىنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى قاناتلاندۇردى

تەرەققىيات مۆۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا زىيارەت

مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ تيېجۈن، يىن شياۋجۈن، جاڭ جىلى،

لىيۇ دۇڭلەي خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ياڭاق دەرىخىدىكى سانجاق - سانجاق مېۋىنىڭ پىشىپ ئۈزۈلۈشكە بىر ئاي قالغاندى، بىراق يەشىك - يەشىكلەپ ئوراپ قاچىلانغان كۆك ياڭاقلار ئېلېكترونلۇق سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ قولىدىن ئۆتۈپ تېزلىكتە ئاقسۇ شەھىرىدىن ئىچكىرى رايونلارغا قاراپ «ئۇچتى».

«بىز مال سالماقچى بولۇۋاتىمىز، سىز زاكاز قىلغان بەش يەشىك كۆك ياڭاقنى بەش كۈن ئىچىدە دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىمىز» ئاقسۇ شەھىرى ئېلېكترونلۇق سودا كەسپىلەر باغچىسىدا، ئاقسۇ شيۇ نيۇنيۇ ئېلېكترونلۇق سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى نيۇ يەنچىڭ يىراق شاڭشىڭدىكى بىر خېرىدارغا تېلېفون قىلدى. شۇ كۈنى، ئۇ زاكاز تالونى بويىچە 1000 يەشىك كۆك ياڭاقنى سېلىۋەتتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئۈچ ئەۋلادنىڭ «يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ئارزۇسى»

☐مۇخبىرىمىز گې يۈجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز بەي يۈنفېڭ

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 28 ياشلىق ۋاڭ بىنشاڭ ئۆزىنىڭ چوڭ تىپلىق كومباينىنى ھەيدەپ، كەڭ كەتكەن ئالتۇن رەڭ بۇغدايلىقتا چېپىپ، دانە - دانە بۇغداي دانلىرىنى يىغىپ «خالتا»غا قاچىلاۋاتاتتى. كۈن نۇرىدا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ چوڭ تىپلىق كومباينى گۇچۇڭ ناھىيەسىدىكى 10 مىڭ مولۇق بۇغداي دېڭىزىدىكى يارقىن مەنزىرىگە ئايلانغانىدى.

بۇ پەيتتە، ۋاڭ بىنشاڭنىڭ دادىسى ۋاڭ يۈشىي بۇغدايلىقنىڭ قىرىدا تۇرۇپ، ئۆزى چەكسىز پەخىرلىنىدىغان ئوغلىغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇراتتى. 30 نەچچە يىل ئىلگىرى ۋاڭ يۈشىي دادىسىغا ئەگىشىپ تىراكتور ھەيدىگەنىدى؛ ئون يىل ئىلگىرى، ئۇنىڭ ئوغلى ۋاڭ بىنشاڭمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تىجارەت قىلدى، بوۋا - نەۋرە ئۈچ ئەۋلاد ھەممىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەقدىرى چوڭقۇر باغلانغانىدى.

بۇ يىل 50 ياشقا كىرگەن ۋاڭ يۈشىي گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ لوچېتەي بازىرى ئېرچى كەنتىدىن، كىچىكىدىن باشلاپ دادىسى ۋاڭ شۆجىغا ئەگىشىپ تىراكتور ئۈستىدە ئويناپ چوڭ بولغان بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقىنىغا 30 يىلدىن ئاشقانىدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئائىلە دۆلەت ئەسلىمىسى

[ئىستون سۆزى]

ئائىلە ئەڭ كىچىك دۆلەت، دۆلەتتە مىليونلىغان ئائىلە بولىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، تەيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ئائىلىلەرگە كىردۇق: يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ماھىرلىرى ئائىلىسى، چېگرا قوغدىغۇچىلار ئائىلىسى، نېفىتچىلار ئائىلىسى، كۆپ مىللەتلىك ئائىلە... بۇ ئادەتتىكى ئائىلىلەردىكى ھەربىر تەسىرلىك ھېكايىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى: ھەربىر ئائىلىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى باشتىن - ئاخىر ئۇلۇغ ۋەتەن ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان. ئائىلىنى سۆيۈش بىلەن دۆلەتنى سۆيۈشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، تەڭ كۈچ چىقارغاندىلا، ئاندىن ئائىلە ئىناق، بەختلىك بولىدۇ، ئاندىن دۆلەت گۈللىنىدۇ، باي - قۇدرەتلىك بولىدۇ.

شىنجاڭ ياخشى جاي

ئاتلىق سەيلە قىلىش

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ساياھەتچىلەر بۇرچىن ناھىيەسىنىڭ قۇمقاناس موڭغۇل يېزىسى قۇم كەنتىدە ئات مىنىپ سەيلە قىلماقتا. بۇ كەنت ئۆزگىچە گۈزەل ساياھەت بايلىقىغا تايىنىپ، 183 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىنى سەيلە ئات ئەترىتى قۇرۇشقا قاتنىشىشقا تەشكىللىدى، ئۇلار ساياھەتچىلەرنىڭ ئاتلىق سەيلە قىلىشى ئۈچۈن ھەر كۈنى 400دىن ئارتۇق ئات بىلەن تەمىنلەپ، كۆپلىگەن ساياھەتچىنى ھۇزۇرلىنىشقا جەلپ قىلدى.

☐مۇخبىرىمىز شى لۇڭ فوتوسى